شىنجاڭ گېزىتى

新疆日报 شىنجاڭ گېزىتى

2021 ـ يىل 2 ـ ئاي
4
پەيشەنبە
维吾尔文 2 月4日
25327 ـ سان
بۈگۈن 4 بەت

ئانار بۇلۇت تېرمىنالىنى
چۈشۈرۈپ قاچىلىۋېلىڭ

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى   مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن ئۇدا نەشر بۇيۇمى نومۇرى: CN 65-0002/-W   پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1-57   تىيانشان تورى: www.ts.cn

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى يېڭى دەۋردىكى پىيونېرلار ئەترىتى خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىش توغرىسىدىكى پىكىرنى بېسىپ تارقاتتى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 2 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان يېقىندا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى يېڭى دەۋردىكى پىيونېرلار ئەترىتى خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىش توغرىسىدىكى پىكىر(تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «پىكىر» دەپ ئېلىندى)نى بېسىپ تارقاتتى.

«پىكىر»دە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ئۆسمۈرلەر ـ باللار ۋەتەننىڭ كەلگۈسى، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۈمىدى، شۇنداقلا پارتىيەنىڭ كەلگۈسى. پارتىيەمىز باشتىن ـ ئاخىر ئۆسمۈرلەر ـ باللارغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، ئۆسمۈرلەر ـ باللارغا سەممىي كۆڭۈل بۆلۈپ،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 ـ يىغىنى 2 ـ قېتىملىق ئومۇمىي يىغىن ئۆتكۈزدى

چېن چۇەنگو، شۆھرەت زاكىر، نۇرلان ئەبلەمجىن، ۋاڭ جۈنجېڭ قاتناشتى

شۆكەت ئىمىن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمىتىدىن دوكلات بەردى

ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى ۋە قاراپ چىقىلدى، ئاپتونوم رايونىنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتىدىكى نەمۇنە رايون بەرپا قىلىش نىزامى لايىھەسى توغرىسىدىكى ئىزاھات ئاڭلاپ ئۆتۈلدى

ئانار بۇلۇت\ شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرلىرى **ياۋ تۇڭ، ۋاڭ شىڭرۇي، يۈەن لىي** خەۋەر قىلىدۇ: 2 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 ـ يىغىنى 2 ـ قېتىملىق ئومۇمىي يىغىن ئۆتكۈزدى، يىغىندا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتى، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى ۋە قاراپ چىقىلدى، ئاپتونوم رايونىنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتىدىكى نەمۇنە رايون بەرپا قىلىش نىزامى لايىھەسى توغرىسىدىكى ئىزاھات ئاڭلاپ ئۆتۈلدى.

چېن چۇەنگو، شۆھرەت زاكىر، شۆكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبلەمجىن، ۋاڭ جۈنجېڭ، شۇ خەيرۇڭ، ئەركىن تۇنىياز، تيەن ۋېن، لى يىفېي، سارقىت ئاقان، ياڭ شىن، جاڭ چۈنلىن، ۋاڭ مىڭشەن قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.

يىغىن ھەيئەت رىياسىتىنىڭ دائىمىي رەئىسى، ئىجرائىيە رەئىسى جۇ خەيلۇن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى. يىغىننىڭ ئىجرائىيە رەئىسلىرى رەئىس سەھنىسىنىڭ ئالدىنقى رېتىدىن ئورۇن ئالدى.

يىغىنغا قاتنىشىشقا تېگىشلىك ۋەكىل 536 كىشى، قاتناشقانلار 471 كىشى بولۇپ، قانۇندا بەلگىلەنگەن ئادەم سانىغا ئۇيغۇن.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى شۆكەت ئىمىن يىغىنغا خىزمەت دوكلاتى بەردى. ئۇ مۇنداق دېدى: ئۆتكەن بىر يىلدا، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قانۇن بويىچە مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىپ، پائال نەتىجە يارىتىپ، ئاپتونوم رايونىنىڭ سەككىز نىزامىنى تۈزۈپ چىقتى، تۈزىتىش كىرگۈزدى، بېكىتمە، قارارىدىن ئۈچنى چىقاردى، رايون تەسىس قىلىنغان شەھەر، ئاپتونوم ئوبلاست، ئاپتونوم ناھىيەلەرنىڭ 20 نىزامىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلىدى، 18 دوكلاتنى ئاڭلاپ ئۆتتى، قاراپ چىقتى، سەككىز قېتىم قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش، ئۈچ قېتىم مەخسۇس تېمىدا سوئال سوراش، 16 قېتىم مەخسۇس تېمىدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى قانات يايدۇردى، دۆلەت ئورگىنىدىكى خىزمەتچى خادىملاردىن 542 ئادەم قېتىمنى قانۇن بويىچە ۋەزىپىگە تەيىنلىدى،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

△ 2 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى، ئىلى ئوبلاستىغا بىۋاستە قاراشلىق جايلار ۋەكىللەر ئۆمىكى گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ قاراپ چىقىش ئارىلىقىدا، ۋەكىللەر بىرلىكتە ئاپتونوم رايونىنىڭ خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ 14 ـ بەش يىللىق يىرىك پىلانى ۋە 2035 ـ يىلىغىچە بولغان كەلگۈسى نىشان پىروگراممىسى لايىھەسىنى قىزغىن مۇزاكىرە قىلماقتا.

☐ ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى جېن شىشىن فوتوسى

◁ 2 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى، ئەزا مۇختەر كېرىم(سولدا) گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ مۇزاكىرە قىلغاندا، ئاپتونوم رايونلۇق ئىككى مەھكىمىنىڭ خىزمەت دوكلاتى توغرىسىدا سۆز قىلماقتا.

☐ ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى شىي لۇڭ فوتوسى

ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 ـ يىغىنى ھەيئەت رىياسىتى 3 ـ قېتىملىق يىغىن ئۆتكۈزدى

ئانار بۇلۇت\ شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرلىرى **ياۋ تۇڭ، ۋاڭ شىڭرۇي، يۈەن لىي** خەۋەر قىلىدۇ: 2 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 ـ يىغىنى ھەيئەت رىياسىتى 3 ـ قېتىملىق يىغىن ئۆتكۈزدى.

يىغىن ھەيئەت رىياسىتىنىڭ دائىمىي رەئىسلىرىدىن چېن چۇەنگو، شۆكەت ئىمىن، جۇ خەيلۇن، ۋاڭ يۇڭمىڭ، مۇتەللىپ قاسىم، دۇڭ شىنگۇاڭ، بادەي، گۈلشات ئابدۇقادىر، مانەن زەينەل، سويۇ يىغىنغا قاتناشتى. شۆكەت ئىمىن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش 12 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى 15 ـ قېتىملىق دائىمىي كومىتېت يىغىنىنىڭ 2 ـ ئومۇمىي يىغىنى ئېچىلدى

ئانار بۇلۇت\ شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى **لى ياڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 2 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى نۇرلان ئەبلەمجىن ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش 12 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى 15 ـ قېتىملىق دائىمىي كومىتېت يىغىنىنىڭ 2 ـ ئومۇمىي يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچتى.

يىغىندا ئاۋازغا قويۇش ئارقىلىق، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش 12 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى 4 ـ يىغىنىنىڭ سايلام چارىسى(لايىھە) ماقۇللاندى، نامزاتلار ئىسىملىكى(لايىھە) ماقۇللاندى، باش بېلەت نازارەتچىسى، بېلەت نازارەتچىلىرىنىڭ ئىسىملىكى(لايىھە) ماقۇللاندى؛ يىغىندا ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش 12 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى 4 ـ يىغىنىنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتى توغرىسىدىكى قارارى(لايىھە)، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش 12 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى 4 ـ يىغىنىنىڭ تەكلىپلەرنى تەكشۈرۈش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتى(لايىھە)، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش 12 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى 4 ـ يىغىنىنىڭ سىياسىي قارارى(لايىھە) قاراپ چىقىلىپ ماقۇللاندى.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 ـ يىغىنىغا قاتنىشىۋاتقان ھەرقايسى ۋەكىللەر ئۆمەكلىرى داۋاملىق قاراپ چىقتى

ئانار بۇلۇت\ شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرلىرىنىڭ ئۇنىۋېرسال خەۋىرى 2 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 ـ يىغىنىغا قاتنىشىۋاتقان ھەرقايسى ۋەكىللەر ئۆمەكلىرى ئومۇمىي يىغىن ئېچىپ، ئاپتونوم رايونىنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتىدىكى نەمۇنە رايون بەرپا قىلىش نىزامى لايىھەسىنى قاراپ چىقتى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتى، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى قاراپ چىقتى، ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات، پىلان دوكلاتى ۋە خامچوت دوكلاتى قاتارلىقلارنى داۋاملىق قاراپ چىقتى.

ۋەكىل ياڭ لى مۇنداق دېدى: ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتى، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى قوللايمەن. ئاپتونوم رايونىنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتىدىكى نەمۇنە رايون بەرپا قىلىش نىزامى لايىھەسىدە ئىلمىي نەزەرىيە يېتەكچىلىكى، پۇختا خىزمەت ئاساسى، ئاممىنىڭ كۈچلۈك ئارزۇسى بىر گەۋدىلەشتۈرۈلۈپتۇ، بۇ،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ ئىككى مەھكىمىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى مۇزاكىرە قىلدى

ئانار بۇلۇت\ شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرلىرىنىڭ ئۇنىۋېرسال خەۋىرى 2 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش 12 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى 4 ـ يىغىنىغا قاتنىشىۋاتقان ھەر مىللەت، ھەر ساھە سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى مۇزاكىرە قىلدى، تۈرلۈك قارار ۋە دوكلات، لايىھەلەرنى قاراپ چىقتى.

ئەزالار مۇنداق قارىدى: ئۆتكەن بىر يىلدا، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسى شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، شى جىنپىڭ قانۇنچىللىق ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى تولۇق، دەل جايىدا ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى مەھكەم ئىگىلەپ، ئاساسىي قانۇن، قانۇنلاردا يۈكلەنگەن ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيەتنى سادىقلىق بىلەن ئادا قىلىپ، مۇقىملىقنى قوغداش،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

新疆日报 石榴云 天山网 www.ts.cn
新 疆 报 业 传 媒 集 团

شىنجاڭنى مەدەنىيەت ئارقىلىق ئوزۇقلاندۇرۇشتىكى ئاچقۇچ «ئوزۇقلاندۇرۇش»تا

توغرا يولدا چىڭ تۇرۇپ، شىنجاڭ ھېكايىسىنى ياخشى سۆزلەش

«بەش يىلدىن بۇيان، شىنجاڭدا ئۆزگىرىش بەك زور بولدى، ياخشى سۆزلەشكە، ئەتراپلىق سۆزلەشكە ئەرزىيدىغان نۇرغۇن ھېكايە بار.» ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى جياڭ پېڭئەن مۇنداق دېدى: «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش»، «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇش خىزمىتى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە ياخشى ھېكايىلەر بەك كۆپ، بۇلار يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت قېرىنداشلارنىڭ ئورتاق ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىۋاتقان، ئورتاق گۈللىنىپ تەرەققىي قىلىۋاتقان روھىي قىياپىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدۇ.

«شىنجاڭنى مەدەنىيەت ئارقىلىق ئوزۇقلاندۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىشتا، تارىخ تەتقىقاتىنى كۈچەيتىش كېرەك.» ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى تەلئەت ئوبۇل كۆسەن تەتقىقاتىغا دائىر تارىخىي ماتېرىياللارنى مىسال كەلتۈرۈپ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: شىنجاڭ ئەزەلدىن تارتىپ كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون، شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەر جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ قان قېرىنداش ئائىلە ئەزالىرى. جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى تارىخى، جۇڭخۇا مىللىتى كۆپ مەنبە بىر گەۋدىلەشكەن ئەندىزىسى تەتقىقاتىنى كۈچەيتىپ، ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنى توغرا بولغان دۆلەت قارىشى، تارىخ قارىشى، مىللەت قارىشى، مەدەنىيەت قارىشى، دىن قارىشى تۇرغۇزۇشقا تەربىيەلەش، يېتەكلەش كېرەك.

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

ئىككى يىغىنغا دىققەتنى مەركەزلەشتۈرۈش

«شىنجاڭنى مەدەنىيەت ئارقىلىق ئوزۇقلاندۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىپ، ئورتاق ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىش ئىدىيە ئاساسىنى مۇستەھكەملەش كېرەك.» بۇ، ھۆكۈمەت خىزمىتى دوكلاتىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان «14 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە ياخشى تۇتۇشقا تېگىشلىك 15 جەھەتتىكى نۇقتىلىق ۋەزىپىنىڭ بىرى. ۋەكىللەر، ئەزالار بۇ تېمىنى چۆرىدەپ چوڭقۇر مۇزاكىرىنى قانات يايدۇردى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مائارىپ خىزمەتچىلىرى، مۇتەخەسسىس ـ ئالىملار بار، ئەدەبىيات ـ سەنئەت خىزمەتچىلىرى، يېزا ـ كەنت مەدەنىيەت قابىللىرى بار، كۆپچىلىك تارىخ تەتقىقاتى، ئەمەلىي خىزمەت، ئاممىنىڭ ئېھتىياجى قاتارلىق جەھەتلەرگە بىرلەشتۈرۈپ پىكىر يۈرگۈزدى، تەكلىپ بەردى.

☐ ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى رېن جياڭ

چاغاندا ئاساسىي قاتلامغا بېرىش

سىياھلارنىڭ خۇش ھىدى بىلەن چاغاننى كۈتۈۋېلىش

☐ ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى لى لى

«ھەممە جايدا شاد ـ خۇراملىق ئىچىدە كاتتا بايرام ئۆتكۈزەيلى، پانۇس ۋە رەڭدار لېنتىلارنى ئېسىپ، چاغاننى كۈتۈۋالايلى»، «ھەممە يەرنى قاپلىدى باھار جىلۋىسى، تاغ ـ دەريا بۇنىڭدىن كۈلۈپ ياڭرايدى»… 2 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، جۇڭگو خەتتاتلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ خەتتاتلار جەمئىيىتى مائارىپ كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى سۈي فېڭچۈن قولىغا موي قەلەم ئېلىپ، چوڭقۇر مەنىگە ئىگە چۈنلىيەن، ئوخشاش بولمىغان شەكىلدىكى «بەخت» دېگەن خەتلەرنى كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا نامايان قىلدى.

شۇ كۈنى، ئۈرۈمچى ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونى (تۇدۇڭخابا رايونى) ئوتتۇرا ئاسىيا شىمالىي يولى تەۋەلىك رايونى باشقۇرۇش كومىتېتى پەن ـ تېخنىكا باغچىسى مەھەللىسى «سىياھلارنىڭ خۇش ھىدى بىلەن چۈنلىيەن يېزىش، چاغاننى كۈتۈۋېلىش» پائالىيىتىنى تەشكىللەپ قانات يايدۇرۇپ، خەتتاتلارنى ئاھالىلەرگە چۈنلىيەن ۋە «بەخت» خېتى يېزىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىپ، كاتتا بايرام چاغاننى خۇشال ـ خۇرام كۈتۈۋالدى.

نەق مەيداندىكى كىچىك دوستلارنىڭ بەزىلىرى پۈتۈن زېھنى بىلەن خەتتاتلارنىڭ خەت يېزىشىنى كۆرۈۋاتاتتى، بەزىلىرى چۈنلىيەن قەغىزىنى ئاستا يۆتكەپ ياردەملىشىۋاتاتتى، بەزىلىرى سىياھ ئىزى قۇرۇمىغان چۈنلىيەن، «بەخت» خېتىنى ئېھتىيات بىلەن پولغا يېيىپ قۇرۇتۇپ،

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)